نوپۇزلۇق ئېلان قىلىش • ئاپتونوم رايوننىڭ قەرەللىك ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا

شىنجاڭ ETC قوللىنىشنى ئالغا سىلجىتىش «ۋاقىت جەدۋىلى»نى بېكىتتى

# يۇقىرى سۈرئەتلىك يوللاردا يىل ئاخىرىدا ئاپتوموبىلنى توختاتماي ھەق ئېلىش ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ

مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈجاۋنىڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ ETCنىڭ تەرەققىياتى، قوللىنىلىشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايونىمىز ئاپتوموبىللىرىدىكى ETCنىڭ ئورنىتىلىش نىسبىتىنى %80تىن ئاشۇرۇشنى، يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدا قاتنايدىغان ئاپتوموبىللارنىڭ ETC ئىشلىتىش نىسبىتىنى %90تىن ئاشۇرۇشنى كۈچەپ قولغا كەلتۈرۈپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدا ئاپتوموبىلنى توختاتماي تېز ھەق ئېلىشنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرىدىكەن.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز «ھۆكۈمەت يېتەكچىلىك قىلىش، بازار يېتەكلەش، جەمئىيەت قاتنىشىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، «يىراق - يېقىننى بىرلەشتۈرۈپ، بىرتۇتاش پىلانلاش، ئىلمىي لايىھەلەپ، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش، بىخەتەر مۇقىم قىلىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇپ ھەقنى تۆۋەنلىتىش» تەلىپى بويىچە، تېخنىكا يول لىنىيەسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، قۇرۇلۇشنى تېزلىتىپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەمكارلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىشنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدا ETCنىڭ تەرەققىياتى، قوللىنىلىشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ تۈرتكە بولدى. 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ETC ئابونچىسى 1 مىليون 651 مىڭ 100گە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، نىشان - ۋەزىپىنىڭ %52ى ئورۇندالدى.

ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - ترانسپورت نازارىتى پارتكومىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر ۋاڭ يۈكشۈەن مۇنداق دېدى: «ETCنىڭ تەرەققىياتى، قوللىنىلىشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدا بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ جىپسىلاشتۇرۇش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، راۋان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش رايونلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا راۋانلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، يول تورىنىڭ يۈرۈش ئۈنۈمىنى ھەققىي ئۆستۈرۈش، ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىشتە پائال، مۇھىم رولنى جارى قىلدۇرىدۇ».

بۇ يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز ETC ئاپتوموبىللىرىدا %5تىن ئاز بولمىغان يول يۈرۈش ھەققى ئېتىبار سىياسىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇشۇ رايوندا قاتنايدىغان ETC ئاپتوموبىللىرىغا پەرقسىز ئاساسىي ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويدى، بۇ يىل 9 - ئايغىچە، 34 مىليون 606 مىڭ 700 يۈەن ئېتىبار بېرىلدى.

نۆۋەتتە، «ھەق ئېلىنىدىغان تاشيوللاردىكى ئاپتوموبىللارنىڭ يول يۈرۈش ھەققىنى ئاپتوموبىل تىپىغا قاراپ تۈرگە ئايرىش» كەسىپ ئۆلچىمى بويىچە، ئاپتونوم رايون ھەق ئېلىنىدىغان تاشيوللاردا قاتنايدىغان ئاپتوموبىللارنىڭ يول يۈرۈش ھەققى ھەق نىسبىتى ئۆلچىمىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى تاماملىدى، يۈك ئاپتوموبىللىرىنىڭ يول يۈرۈش ھەققىنى ھېسابلاش ئۇسۇلىنى تەڭشىدى، 2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، يۈك ئاپتوموبىللىرىدىن بىرتۇتاش ھالدا ئاپتوموبىل (ئوق) تىپىغا قاراپ ھەق ئېلىنىدۇ ھەم يۈك ئاپتوموبىللىرىنىڭ يول يۈرۈش ھەققىنىڭ ئومۇمىي يۈكىنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىككە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز ETC تارقىتىش مۇلازىمىتى سىستېمىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتىپ، تارقىتىش ئاپپاراتلىرىنىڭ يۈك ترانسپورت كارخانىلىرى ۋە تور يۈك ترانسپورت سۇپىسى بىلەن ئۇدۇللىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، تارقىتىش ئاپپاراتلىرىنى پۇل مۇئامىلە، سوغۇرتا ھەم ئەشيا ئوبوروتى كارخانىلىرىغا قارىتا تارقىتىش تەييارلىق خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەپ، يۈك ئاپتوموبىللىرى ھەم مەخسۇس تۈردىكى مەشغۇلات ئاپتوموبىللىرىغا بولغان تارقىتىش مۇلازىمىتىنىڭ توغرا، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، تېز، قولايلىق بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلماقتا.

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# شەخسىيەتسىز مېھىر - مۇھەببەت قەلبلەرنى ئىللىتتى

—— تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى تاشقى كېسەللەر بۆلۈمى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ئوزۇقلۇق بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى سالاھىدىن سالىقجان توغرىسىدا

يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر

□ مۇخبىرىمىز سۇڭ ياۋېن

9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئەمدىلا ئوپېراتسىيە بۆلۈمىدىن چىققان سالاھىدىن سالىقجان ئالدىراش كېسەلخانىغا كىرىپ، ئاغرىقلارنىڭ كېسەل ئەھۋالىنى سورىدى، ئاغرىقلارنى كارىۋاتقا يۆلەپ چىقىرىپ قويدى، يارىسىنى تەكشۈردى، كېسەل ئەھۋالىنى خاتىرىلىدى... ئۇ، بۇ بىر قاتار ئىشلارنى چەبدەسلىك بىلەن قىلدى.

سالاھىدىن تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى تاشقى كېسەللەر بۆلۈمى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ئوزۇقلۇق بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، يۇقىرى بېسىملىق ئوكسىگېن بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، ئادەتتىكى تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۇ بىرنەچچە ۋەزىپىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، دائىم ناھايىتى ئالدىراش يۈرەتتى. ئۇ خىزمەت ئورنىغا چىققان دەسلەپكى مەزگىلدىلا، «ئىدىيە - ئەخلاقتا ئالىيجاناب، تېخنىكىدا پىششىق، جان - دىل بىلەن ئاغرىقلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ياخشى دوختۇر بولىمەن» دېگەننى كۆڭلىگە پۈككەن، ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇ ئىزچىل مۇشۇ نىشانغا قاراپ تىرىشىپ كەلدى.

**■ قەلبىگە ياخشى ئىشلارنى پۈكۈپ، دوختۇرلۇق يولىغا ئاتلىنىش**

سالاھىدىن مۇخبىرغا: دوختۇرلۇقنى تاللىشىم دادامنىڭ تەسىرىدىن بولغان، دېدى. «دادام كىچىكىمدىن تارتىپ ماڭا ۋەتەننى سۆيۈشنى، ئاق كۆڭۈل بولۇشنى، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ئۆگىتىپ، مېنى ئاق كۆڭۈل، ئەخلاقلىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈردى.» ئەتراپىدىكى نۇرغۇن كىشىنىڭ ئاغرىق ئازابىنى يەتكۈچە تارتىۋاتقانلىقىنى، دوختۇرلارنىڭ ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سالاھىدىندا دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىش ئويى پەيدا بولدى.

2002 - يىلى شىنجاڭ تېبابەت داشۆسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، سالاھىدىن يۇرتىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى بىلەن چۆچەككە قايتىپ، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تاشقى كېسەللەر دوختۇرى بولدى.

17 يىل دوختۇرلۇق بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، ئۇ ئىزچىل ھالدا كەسىپنى جاپاغا چىداپ تەتقىق قىلىپ، كامالەتكە يەتكەن داۋالاش تېخنىكىسى ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىپ، ئاغرىقلارنى تۇغقىنى دەپ بىلىپ، ئۆزىنىڭ سەۋرچانلىقى ۋە مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن ھەربىر ئاغرىققا ياخشى مۇلازىمەت قىلدى. ئۇ بىر «ياخشى دوختۇر» بولۇپلا قالماي، يەنە ھەممىگە تونۇشلۇق «ياخشى ئادەم».

**■ ئېلاستىك پايپاق كىيىپ ئوپېراتسىيەگە كىرىش**

سالاھىدىننى چۈشىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھەر قېتىم ئوپېراتسىيەگە كىرىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئېلاستىك پايپاق كىيىۋالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئادەتتىكى تاشقى كېسەللەر بۆلۈمى چوڭ تىپتىكى مۇرەككەپ، داۋالاش تەس كېسەللەر ئوپېراتسىيەسىگە مەسئۇل بولۇپ، بىر قېتىملىق ئوپېراتسىيەگە ئاز دېگەندە بىر سائەتتىن كۆپرەك، كۆپ بولغاندا بەش سائەتتەك ۋاقىت كېتىدۇ، ئوپېراتسىيە ۋاقتىدا دوختۇرلار ئىزچىل ئۆرە تۇرىدۇ. مۇشۇنداق خىزمەت سىجىللىقىغا نېمىنى تىرەك قىلىش كېرەك؟ سالاھىدىن مۇخبىرغا ئۆزىنىڭ ئېلاستىك پايپاققا تايىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

سالاھىدىن دائىم كۈندە ئۈچ - تۆت ئوپېراتسىيەنى قىلىدۇ، ئەڭ ئالدىراش بولغان چاغلاردا كۈندە يەتتە ئوپېراتسىيەنى قىلغان، ھەر كۈنى ئون نەچچە سائەت خىزمەت قىلىدۇ. ئۇزاق ۋاقىت ئۆرە تۇرغانلىقتىن، ئۇ پۇت ۋېنا تومۇرى ئەگرى - بۈگرى كېڭىيىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، پۇتى دائىم چىڭقىلىپ، سىرقىراپ ئاغرىيتتى.

«بۆلۈمدىكى تەجرىبىلىك پېشقەدەم دوختۇرلار ماڭا ئېلاستىك پايپاق كىيگەندە ئاغرىقنى پەسەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.» سالاھىدىن: ئېلاستىك پايپاق كىيگەندىن كېيىن، ئاغرىق خېلى پەسەيدى، دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىدىكى خىزمەت ئورنىدا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

**■ مېھىر - مۇھەببەتلىك قەلبى بىلەن ئاغرىقلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈش**

«بىر ياخشى دوختۇر بولۇش ئۈچۈن كېسەلنى ياخشى داۋالاپلا قالماي، يەنە مېھىر - مۇھەببەتلىك قەلب بولۇش كېرەك.» سالاھىدىن قەلبىدە ئاغرىقلارنى ئىزچىل ئۆزىنىڭ تۇغقىنى دەپ قارايدۇ. ئۇ ئاغرىقلارنىڭ كېسىلىنى ياخشى داۋالاپلا قالماي، يەنە ئاغرىقلارنىڭ قەلبىنى ئىللىتتى.

بۇ يىل 68 ياشقا كىرگەن جاۋ شيۇئېنىڭ پالەچ بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا 30 يىلدىن ئاشقاندى، ئۇزاق مەزگىل ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاچقا كۆرپە يارىسىغا گىرىپتار بولغان بولۇپ، ھەرىكىتى قولايسىز ئىدى. سالاھىدىن بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن جاۋ شيۇئېنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى، ئۇنىڭغا يارىدەملىشىپ بەدىنىنى ئۆرۈپ، ئۇۋۇلاپ، دورىسىنى ئالماشتۇرۇپ قويدى. كىشىلەر بۇ ئىشنىڭ 15 يىل داۋاملاشقانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغاندى.

ھازىر، سالاھىدىن ئۇزاقتىن بۇيان ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان ئاغرىقتىن سەككىزى بار. تېخىمۇ كۆپ ئاغرىققا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، 2014 - يىلى سالاھىدىن باشلامچى بولۇپ «مېھرىبان ئاتىلار» كوللېكتىپىنى قۇردى، 38 نەپەر كوللېكتىپ ئەزاسىنىڭ ھەربىرى ھەر ئايدا پۇل چىقىرىپ قىيىنچىلىقى بار كىشىلەرگە ياردەم بەردى.

بۈگۈنكى كۈندە، باشقىلارغا ياردەم بېرىش سالاھىدىننىڭ تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى، ئۇ شەخسىيەتسىز ئىللىقلىقى ۋە مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرۈپ، جان - دىل بىلەن ئاغرىقلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان ياخشى دوختۇرغا ئايلاندى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى تېخىمۇ ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قارشى ئالىمەن. شى جىنپىڭ مۇنداق بىلدۈردى: جون . كېي ئەپەندى زۇڭلىلىقنى ئۆتىگەن مەزگىللىرىدە، جۇڭگو - يېڭى زېلاندىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا پائال تۆھپە قوشتىڭىز، سىزنىڭ ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ دوستانە ھەمكارلىقىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

جون . كېي جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو تەرەپنىڭ تەبرىكلەش پائالىيىتى كاتتا، ھەيۋەتلىك بولۇپ، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈردى. جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنياغا نىسبەتەن پۇرسەت. تارىخ ھامان رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە قالتىس رەھبەرلىك كۈچىنى ئىسپاتلايدۇ، شۇڭا ئىشىنىمەنكى، رەئىس شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى جەزمەن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ. مەن يېڭى زېلاندىيە - جۇڭگو ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىش ھەم ھەمكارلىقنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاكتىپ رولۇمنى جارى قىلدۇرۇشنى خالايمەن.

ۋاڭ يى كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ھەرقايسى دۆلەتلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر قىسىم مۇھىم يەر شارىۋى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ مۇقەررەر يولى بولۇپ قالدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىقتا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسىنى ئۆز دۆلىتىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى ۋە دۆلەت ئەھۋالى بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىدۇ. مۇنبەرنىڭ ھەرقايسى دۆلەت ئالىملىرى، مائارىپچىلىرى، كارخانىچىلىرىنىڭ قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشقا ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

تەبرىك تېلېگراممىسى قاتارلىقلاردىن 99 پارچىسى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ تەرەققىيات تومۇرى ۋە ئاساسىي مەزمۇنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ روھىي ماھىيىتى ۋە مول ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى ئۆگىنىش، ئەگىلەشتىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال ۋە نوپۇزلۇق ئوقۇشلۇق ھېسابلىنىدۇ.

«شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا» 2 - تومىنىڭ موڭغۇل، زاڭزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، چاۋشيەنزۇ يېزىقىدىكى نەشرىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو مىللەتلەر تىل - يېزىق تەرجىمە ئىدارىسى ۋە مىللەتلەر نەشرىياتىنى تەشكىللەپ تەرجىمە قىلغان، نەشر قىلغان، تارقاتقان بولۇپ، دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى ئىقتىدارىنى ھازىرلىمىغان ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ تېخىمۇ ئەتراپلىق، توغرا ئۆگىنىشى، چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىشنى مەقسەت قىلغان. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىرنەچچە ئۇيغۇر، قازاق مۇتەخەسسىسنى بۇ قېتىمقى نەشر قىلىش، تەرجىمە قىلىش كوللېكتىپى بىلەن بىرلىكتە مىللىي رايونلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، يېڭى سۆز، ئاتالغۇلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە تەرجىمە قىلىشقا تاللاپ ئەۋەتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى تونۇشتۇرۇش يىغىنىدا مۇنداق بىلدۈردى: ھازىر، 2 - تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى پۇختا قانات يايدۇرۇلۇۋاتىدۇ، «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا» 2 - تومىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى نەشرىنى تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش دەل ۋاقتىدا بولدى. «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا» 2 - تومىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى نەشرىنى كېڭەيتىش، تارقىتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى كىشىلەر قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرىمىز.

---

# دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش قاتتىق جەڭدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان قاتتىق جەڭدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتتە ئورۇنداش كېرەك.

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ باشقا جايغا كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسى بولغان تاجىك ئابات بازىرى بۇلبۇلدى كەنتى، نەۋئابات كەنتىدە، شۆھرەت زاكىر كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ يۇرتداشلار بىلەن سەممىي پاراڭلاشتى. 98 ياشلىق پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى ئالىيېبېك قۇربانمەمەتنىڭ شۆھرەت زاكىرغا ئېيتىشىچە، ئۇ يەتتە يېشىدىلا پومېشچىككە ئىشلىگەن بولۇپ، ئۇ چاغدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇسى قورسىقىنى تويغۇزۇش ئىكەن، بۈگۈنكى كۈندە يېڭى ئۆيدە ئولتۇرۇپ، يېڭى تۇرمۇش كەچۈرۈۋېتىپتۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن بولغان. شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: بەخت كۈرەش قىلىشتىن كېلىدۇ، پارتىيەنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتى ياخشى، يۇرتداشلارمۇ بىرلىكتە تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، تىرىشىپ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە بالدۇرراق ھاللىق سەۋىيەگە يېتىپ، تېخىمۇ بەختلىك، گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈشى كېرەك.

ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسى «كارخانا + دېھقان ئائىلىسى» تەرەققىيات ئەندىزىسى بويىچە، يېزا - بازار مەركىزىي رايوننى يادرو، ئېلېكترونلۇق كەسىپ باغچىسى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى كەسىپ باغچىسىنى ۋاستە قىلغان «بىر رايون، ئىككى باغچە» كەسىپ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، پۈتۈن يېزىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش كەسىپلىرىنىڭ تەرتىپلىك تەرەققىي قىلىشىغا پائال تۈرتكە بولدى. گۇاڭشو ئېلېكترون چەكلىك شىركىتى، شېنجېن ئېلېكترون چەكلىك شىركىتىنىڭ سېخىدا، شۆھرەت زاكىر ماشىنا كۆرۈپ، كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش، ئىشچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى مۇستەھكەملەش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشتىكى تۈپ تەدبىر بولۇپ، كارخانىلارنىڭ تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئاممىنى ئىشىك ئالدىدىلا مۇقىم ئورۇنلىشىشقا جەلپ قىلىپ، كۆچۈپ چىقالايدىغان، مۇقىم تۇرالايدىغان، تەرەققىي قىلالايدىغان، بېيىيالايدىغان بولۇشنى ھەققىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئاتۇش شەھەرلىك ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى ئاممىۋى مۇلازىمەت مەركىزىدە، شۆھرەت زاكىر توردا سودىلىشىش، ئەشيا ئوبوروتى تەقسىملەش - يەتكۈزۈش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. سوغۇق ساقلاش زەنجىرسىمان ئەشيا ئوبوروتى ئارقىلىق «بېيجىڭ - شاڭخەي - گۇاڭجۇ» قاتارلىق ئىچكىرى رايونلاردىكى شەھەرلەرگە سېتىلىدىغان شۇ جايدىن چىققان يېڭى ئەنجۈرلەرنى 15 كۈن يېڭى پېتى ساقلىغىلى بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇ رازىمەنلىك بىلەن مۇنداق دېدى: سىلەر مۇلازىمەتنى پۇقرالارنىڭ ئىشىكى ئالدىغىچە قىلىپ، يېڭى مېۋە، كۆكتاتلارنى تور ئارقىلىق بازار بىلەن بىۋاسىتە ئۇدۇللاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىپسىلەر، سىلەرنىڭ بارغانسېرى ياخشى تەرەققىي قىلىپ، ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەپ، تېخىمۇ كۆپ نامرات ئاممىغا نەپ يەتكۈزۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاتۇش شەھەرلىك دېھقان - چارۋىچىلارنى يەنىمۇ ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەش بازىسىدا، ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، چاچ ياساش، بالا بېقىش، ئائىلە مۇلازىمىتى، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش قاتارلىق تېخنىكا بويىچە تەربىيەلەش قىزغىن قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان بولۇپ، شۆھرەت زاكىر كۆپچىلىكنى ياخشى ئۆگىنىپ، بىر تېخنىكا ئىگىلەپ، تېخىمۇ كەڭ بوشلۇق ئېچىشقا ئىلھاملاندۇردى.

شۆھرەت زاكىر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا مۇنداق تەكىتلىدى: ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى مۇجەسسەملەپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، نىشانلىق كۈچەپ، قەتئىي سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە مىخ قېقىش روھى ئارقىلىق كۈچنى بىرىكتۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئورۇنداش كېرەك.